السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# بىز: سىلە بىزنىڭ خوجىمىز، ئىگىمىز دېدۇق، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ئىگىمىز،، خوجىمىز ئاللاھ» دېدى، بىز: سىلە بىزنىڭ پەزىلەتتە ئەڭ ئەۋزىلىرىمىز، بىزنىڭ كاتتىمىز، چوڭىمىز دېدۇق، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «سىلەر ئادەتلەنگەن سۆزۈڭلارنى دەڭلار، ئارتۇق تەكەللۇپ قىلماڭلار، شەيتان سىلەرنى چەكلەنگەن سۆزلەرنى قىلىشقا جۈرئەتلەندۈرمىسۇن» دېدى

ئابدۇللاھ ىبن شىخخىير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بەنى ئامىرنىڭ ئەلچىلىرى بىلەن بىرگە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا باردىم، بىز: سىلە بىزنىڭ خوجىمىز، ئىگىمىز دېدۇق، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ئىگىمىز،، خوجىمىز ئاللاھ» دېدى، بىز: سىلە بىزنىڭ پەزىلەتتە ئەڭ ئەۋزىلىرىمىز، بىزنىڭ كاتتىمىز، چوڭىمىز دېدۇق، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «سىلەر ئادەتلەنگەن سۆزۈڭلارنى دەڭلار، ئارتۇق تەكەللۇپ قىلماڭلار، شەيتان سىلەرنى چەكلەنگەن سۆزلەرنى قىلىشقا جۈرئەتلەندۈرمىسۇن» دېدى.

[(سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ]]

بىر تۈركۈم كىشلەر پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى، ئۇلار كىلىپلار پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ياقتۇرمايدىغان بەزى سۆزلەر بىلەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنى ماختىغىلى تۇردى. ئۇلار: سىلە بىزنىڭ خوجىمىز، ئىگىمىز دېدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «ئىگىمىز، خوجىمىز ئاللاھ»دېدى. ئاللاھ مەخلۇقاتلىرىنىڭ تولۇق خوجايىنىدۇر، ئۇلار ئاللاھنىڭ قۇلىدۇر. ئۇلار: سىلە مەرتىۋە، شەرەپ، ئالاھىدىلىك ۋە ئۈستۈنلۈك جەھەتتە بىزنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىمىز، دېدى . مەرتىۋە، ئۈستۈنلۈك جەھەتتە ئەڭ كاتتىمىز، ئاتا-ئېھسانى ھەممىدىن كۆپ قىلغۇچى دېدى. ئاندىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئۆزلىرى ئادەتلەنگەن سۆزلەرنى قىلىشقا، زىيادە تەكەللۇپ قىلماسلىققا بۇيرىدى، چۈنكى زىيادە تەكەللۇپ قىلغاندا شەيتان ئازدۇرۇپ چەكتىن ئاشۇرىۋېتىشكە، ھەددىدىن ئېشىپ ئاللاھ ھارام قىلغان شېرىك ۋە ئۇنىڭ ۋاستىلىرىغا ئېلىپ بارىدۇ.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3389

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee